# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

# ۋە

# ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى

1984-5.18

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى

رېقىپ ھاجىكامغا

ئۆزلىرى ئۇلۇق بەيتۇللاغا
مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان
ماشۇ پەيتتە قوللىرىڭىزگە
ئۇشبۇ كىتابنى يوللۇق تۇتقۇم
كەلدى.
ئاددى بولسىمۇ قوبۇل قىلغايلا.

شايار، گۈلباغ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇت-
چىسى ئابلىز رەسىم مەممەتنىيازدىن

1984-يىل 7-ئاينىڭ 5-كۈنى
پەيشەنبە

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزدى
1983 - يىل 11 - ئاي

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ
ئىملا قائىدىسى
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
تىراژى: 15,000 نۇسخە

**维吾尔文字字母表和维吾尔语正字法**

自治区民族语文工作委员会编

新疆新华印刷厂印刷

印数：15,000册

## مۇندەرىجە


ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمى ئۇقتۇرۇشى ...... 1

ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى ...... 3

ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ...... 6

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ...... 7

1. تاۋۇشلار ...... 7

1. سوزۇق تاۋۇشلار ...... 7

2. ئۈزۈك تاۋۇشلار ...... 8

2. تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ...... 8

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ...... 8

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ...... 14

3. سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 18

4. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 19

5. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 20

6. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 23

1. خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 23

2. رۇس تىلى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 25

7. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ...... 27

8. تىنىش بەلگىلىرى ........................ 28
قوشۇمچە ماتىريياللار ........................ 29
1. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر جەدۋىلى ........ 29
2. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر جەدۋىلى ...... 31

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمە- تىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنىڭ ئېلىپبە- سىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى

(ئايرىم ھۆججەت تارقىتىلمايدۇ)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىش توغرىسىدىكى قارارى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ (1983) 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، 1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماقۇللانغان) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئىلمىي خادىملار ۋە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنىڭ ئېلىپبەسىنى يېڭىۋاشتىن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. ھازىر ئۇنى ئېلان قىلىمىز.

بارلىق ئىدارە، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاخبارات، نەشرىيات، مەتبۇئات تارماقلىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كونا يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدىغان خەت- ئالاقە، گېزىت - ژورنال، كىتابلاردا 1984 - يىلى 1 -

ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ بىردەك مۇشۇ ئىملىپبەنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنى ئايرىم تەييارلاپ ئېلان قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا تاپشۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

1. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە يېزىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

2. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپتى. بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىۋى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | | | ـا | ئا |
| 2 | ئە، ە | | | ـە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |

| تەرتىۋى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 16 | ف | ﻓ | ﻔ | ﻒ | فې |
| 17 | ق | ﻗ | ﻘ | ﻖ | قې |
| 18 | ك | ﻛ | ﻜ | ﻚ | كې |
| 19 | گ | ﮔ | ﮕ | ﮓ | گې |
| 20 | ڭ | ﯕ | ﯖ | ﯔ | ڭې |
| 21 | ل | ﻟ | ﻠ | ﻞ | لې |
| 22 | م | ﻣ | ﻤ | ﻢ | مې |
| 23 | ن | ﻧ | ﻨ | ﻦ | نې |
| 24 | ه | ﻫ | ﻬ | ﻪ | هې |
| 25 | ئو، و | | | ﻮ | ئو (o) |
| 26 | ئۇ، ۇ | | | ﯘ | ئۇ (u) |
| 27 | ئۆ، ۆ | | | ﯚ | ئۆ (ө) |
| 28 | ئۈ، ۈ | | | ﯜ | ئۈ (ü) |
| 29 | ۋ | | | ﯟ | ۋې |
| 30 | ئې، ې | ئې، ﯦ | ﯧ | ﯥ | ئې |
| 31 | ئى، ى | ئى، ﯨ | ﯩ | ﻰ | ئى |
| 32 | ي | ﻳ | ﻴ | ﻲ | يې |

3. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرگە نام قىلىندى. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگە شۇ ھەرپ ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «ئې» قوشۇپ نام قىلىندى.

4. بۇرۇن ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن «ئو، ئۇ» ھەرپلىرىدىن

باشقا «ئۆ، ئۇ» ھەرپلىرى قوشۇلدى.

ئۇلار: ئوي (oy)، ئۇن (un)

ئۆي (oy)، ئۈن (ün)

5. «ف، ژ» ھەرپلىرى پەقەت ئىملىقلار ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ۋە كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرىنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: تۇف، سۇف، فاكجىن، فابرىكا، فاك يى
فېيىبرباخ، فۇجيەن، فرانسىيە، پاژ - پۇژ
ۋىژىلداش، ژورنال، بۇرژۇئازىيە، پارىژ،
ژدانوپ.

6. سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمنى ئالدىنقى بوغۇمغا قوشۇپ يازغاندا، سوزۇق تاۋۇشقا ھەمزە (ء) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىنئالا، ئىنئام، تەلئەت، مەسئۇل، مەلئۇن، قەتئى، سۇنئى، بىئارام، رىئايە، تەبىئەت، ئىئانە، پىئىل، فېئودال، گېئولوگىيە، پاجىئە.

# ئۇقتۇرۇش

كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇغىغا ئاساسەن، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» (لايىھە)نى ئىلگىرىكى ئىملا قائىدىلىرى ۋە تىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن فونېتىكىلىق پىرىنسىپ، مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپ ۋە ئەنئەنىۋى پىرىنسىپنى ئاساس، ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى نورما قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەڭ-كۆلەمدە پىكىر ئېلىندى ۋە ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىندى. كېيىن بۇ لايىھە تىل-يېزىق خادىملىرى، مەتبۇئات-نەشرىياتچىلار، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 1983-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنى ماقۇللاندى. ھازىر كەڭ قوللىنىش ئۈچۈن ئېلان قىلدۇق. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىشنى ئۈمىت قىلىمىز. قوللىنىش جەريانىدا بەزى قائىدىلەرنى تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا پىكىر-تەكلىپلەر بولسا كومىتېتىمىزغا يوللاپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى

1983-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى.

# ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى

## 1. تاۋۇشلار

§ 1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 32 تاۋۇش بار. بۇلارنىڭ ھەرپ بەلگىلىرى ۋە ئېلىپبە تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە:

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز
ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ ل م
ن ھ ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ئې ئى ي

§ 2. تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سوزۇق تاۋۇشلار

سوزۇق تاۋۇشلار سەككىز بولۇپ، ئۇلار:

ئا ئە ئې ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە ئۆ ئۈ

تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار: ئا ئو ئۇ

ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ئې ئى

سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ، لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئو ئۇ ئۆ ئۈ

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا ئە ئې ئى

2. ئۈزۈك تاۋۇشلار

ئۈزۈك تاۋۇشلار 24 بولۇپ، ئۇلار:

ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش

غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي

ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش-تىترىمەسلىكىگە قاراپ، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

جاراڭلىق تاۋۇشلار: ب ج د ر ز ژ غ گ ڭ ل م ن ۋ ي

جاراڭسىز تاۋۇشلار: پ ت چ خ س ش ف ق ك ھ

## 2. تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

### 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

§ 3. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە، ئۆ، ئۈ» بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەل — كەلمەك، كەلتۈرۈش، كەلگەن، كەلسە

ئەسكەر — ئەسكەرلەر، ئەسكەرگە، ئەسكەرلىك
كۆز — كۆزلەر، كۆزلەپ، كۆزلۈك
ئۇزۇم — ئۇزۇملەر، ئۇزۇمگە، ئۇزۇمداۋ
ئالاقە — ئالاقىلەر، ئالاقىگە، ئالاقىلەشمەك
خۇلاسە — خۇلاسىلىمەك، خۇلاسىلەش، خۇلاسىلىگەن
يەنئەن — يەنئەنگە، يەنئەندە، يەنئەنلىك
شاڭخەي — شاڭخەيگە، شاڭخەيدە، شاڭخەيلىك
شەپكە — شەپكىلەر، شەپكىگە، شەپكىدە
بىكەت — بىكەتلەر، بىكەتكە، بىكەتتە

§ 4. تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش «ا، و، ۇ» بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باش — باشتا، باشلاش، باشلانغان
قول — قوللار، قوللاش، قوللانماق
قۇرۇل — قۇرۇلغان، قۇرۇلسا، قۇرۇلۇشلار
تەقسىمات — تەقسىماتلار، تەقسىماتقا
جۇڭگو — جۇڭگولار، جۇڭگوغا، جۇڭگودا
شىڭمۇ — شىڭمۇلار، شىڭمۇغا، شىڭمۇدا
سوت — سوتلىماق، سوتلاشماق
ئاخبارات — ئاخباراتلار، ئاخباراتقا

§ 5. ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئې، ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە، شۇنىڭدەك ئالدىنقى بوغۇمى «ئې»، كېيىنكى بوغۇملىرى «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ۋە «ئى» تاۋۇشىنىڭ تىل كەينى ۋارىيانتى بىلەن كەلگەن سۆزلەرگە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ تەركىبىدە «گ، ك» تاۋۇشلىرى كەلگەن سۆزلەرگە ھەم «ئى»

تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى بىلەن كەلگەن سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىتىز — ئىتىزلار، ئىتىزغا، ئىتىزدا
ئىشىن — ئىشىنىماق، ئىشىنىغان، ئىشىنىدۇرماق
تىل — تىللار، تىللاپ، تىللىغان
قىر — قىرغاق، قىرلىماق، قىردۇرماق
كىكىر — كىكىرمەك، كىكىرگەك، كىكىرگەن
گىزىت — گىزىتلەر، گىزىتكە، گىزىتتە
چىش — چىشلەر، چىشكە، چىشلەپ
ئىز — ئىزلەر، ئىزلەپ، ئىزلەنمەك
بىيىجىڭ — بىيىجىڭغا، بىيىجىڭدا، بىيىجىڭلىق
ئىستىل — ئىستىللار، ئىستىلغا، ئىستىلدا

§ 6. ئاھاڭداش تۈرى بولغان قوشۇمچىلەردىن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

جان — جانغا، جانلار، جانلاندۇرۇش
قوللان — قوللانماق، قوللانغان، قوللىنىلغان
باشلا — باشلىماق، باشلىغان، باشلانغان
ئىشلە — ئىشلىگەن، ئىشلىمەك، ئىشلەتكۈزمەك
كۆرسەت — كۆرسەتمەك، كۆرسەتكەن، كۆرسەتكۈچى
قوي — قويدۇم، قويۇپ، قويۇلۇپ
كۆر — كۆردۈم، كۆرۈپ، كۆرۈشتۈرۈپ
ياتقۇز — ياتقۇزۇش، ياتقۇزۇلۇپ، ياتقۇزۇشۇپ
كەلتۈر — كەلتۈرۈپ، كەلتۈرۈلۈپ، كەلتۈرۈلگەن

جۇڭگو — جۇڭگولۇق، ئەنخۇي — ئەنخۇيلۇق،

لېكتور – لېكتورلۇق

§ 7. ئاخىرقى بوغۇمى ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئالدىدىكى بوغۇملىرىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر؛ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەسىر — تەسىرلەر، تەسىرگە، تەسىرلەندۈرۈش

ئۈمىت — ئۈمىتلەر، ئۈمىتكە، ئۈمىتلەنمەك

ياخشى — ياخشىراق، ياخشىلىماق، ياخشىلىغان

شەنشى — شەنشىدە، شەنشىگە، شەنشىلىك

كوللېكتىپ — كوللېكتىپقا، كوللېكتىپلاشماق

§ 8. ئارىلاش بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا، شۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئاساس قىلىنىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھەمرا — ھەمرالار، ھەمراغا، ھەمرالارچە

ئەۋلىيا — ئەۋلىيالار، ئەۋلىياغا، ئەۋلىيالىق

ئەسۋاپ — ئەسۋاپلار، ئەسۋاپقا، ئەسۋاپتا

نۇسخە — نۇسخىلەر، نۇسخىگە، نۇسخىدە

مەردانە — مەردانىلەر، مەردانىگە، مەردانىلىك

غۇنچە — غۇنچىلەر، غۇنچىگە، غۇنچىلەپ

«چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان سۆزلەرگە يەنە قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا تۆپ سۆز ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قازاقچە — قازاقچىغا، قازاقچىلاپ

ئۇيغۇرچە — ئۇيغۇرچىغا، ئۇيغۇرچىلاپ

ئۆزبېكچە — ئۆزبېكچىگە، ئۆزبېكچىلەپ

قەلەمچە — قەلەمچىگە، قەلەمچىلەپ

§ 9. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» ياكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» بىلەن، ئوچۇق بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئە» تاۋۇشى قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا «ئى» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باش — بېشى، يات — يېتىپ، ئات — ئېتىڭ

بەل — بېلىم، كەت — كېتىڭلار، سەپ — سېپىپتۇ

باس — بېسىق، كەس — كېسىك

كەل — كېلەر، بەر — بېرەر، ئەت — ئېتەيلى

دە — دېدى، دېمەك، دېگەن

يە — يېدى، يېمەك، يېگەن

§ 10. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا «ئى» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالما — ئالمىلار، ئالمىسى، ئالمىلىق

قوللان — قوللىنىش، قوللىنىڭلار، قوللىنىلىدۇ

بەلگە — بەلگىلىمە، بەلگىلىمەك، بەلگىلىنىمەك

جۈملە — جۈملىلەر، جۈملىگە، جۈملىسى

ئۆگەن — ئۆگىنىش، ئۆگىنىڭلار، ئۆگىنىلىدۇ

لېكىن، تۇراقلىق ئورغۇغا ئىگە بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق

سۆزلەرنڭ ئاخرقى بوغۇمدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچە ئۇلانغاندا «ئې، ئى» بلەن نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسلەن:

يار — يارى، سان — سانى، قارار — قارارىمىز

پانا — پانايىملار، دەريا — دەرياسى، تەم — تەمى

چەم — چەمى، قەرەل — قەرەلى، مىجەز — مىجەزىم

ئاخرقى بوغۇمدا كەلگەن «ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى «ئى» گە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسلەن:

بۇيرۇق — بۇيرۇغۇڭ، چوڭقۇر — چوڭقۇرلۇغى

كۆۋرۈك — كۆۋرۈگى، ئۆمۈر — ئۆمۈرلۈكۈم

§ 11. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچە ئۇلانغاندا «ئې، ئى» غا نۆۋەتلەشكەندىن كېيىن، بۇنداق سۆزلەرگە يەنە قوشۇمچىلەرنى ئۇلاش توغرا كەلگەندە، شۇ سۆزنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قاراپ ئۇلىنىدۇ. مەسلەن:

بار — بېرىش، بېرىشقا، بەر — بېرىش، بېرىشكە

چات — چېتى، چېتىغا، چەت — چېتى، چېتىگە

يات — يېتىش، يېتىشماق، يېتىشقان

يەت — يېتىش، يېتىشمەك، يېتىشكەن

ئالما — ئالمىسى، ئالمىسىغا، ئالمىلار

ئائىلە — ئائىلىسى، ئائىلىسىگە، ئائىلىلەر

§ 12. «ئال، ئەت» ياردەمچى پېئىللىرى رەۋىشداشلارغا ئۇلىنىپ كېلىپ تۈس ھاسىل قىلسا، ئۇنىڭغا يەنە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، ياردەمچى پېئىلنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» غا نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسلەن:

يېزىۋال — يېزىۋېلىش، ئوقۇۋال — ئوقۇۋېلىش

تاشلىۋەت — تاشلىۋېتىش، ئىشلىۋەت — ئىشلىۋېتىش

## 2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

§ 13. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بار — بارغان، بارغاچ، بارغىچە، باردىم

ئات — ئاتقان، ئاتقاچ، ئاتقىچە، ئاتتىم

ئۆي — ئۆيگە، ئۆيدىن، ئۆيدە، ئۆيگىچە

كەل — كەلگەن، كەلگەچ، كەلگىچە، كەلدى

يەت — يەتكەن، يەتكەچ، يەتكىچە، يەتتى

ئوقۇش — ئوقۇشقا، ئوقۇشتا، ئوقۇشتىن

كۆرسەت — كۆرسەتكەن، كۆرسەتكىلى

§ 14. «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياتاق — ياتىغىم، ئۇتۇق — ئۇتۇغىمىز

سىلىق — سىلىغىڭلار

تىلەك — تىلىگىمىز، ئەمگەك — ئەمگىگىڭلار

چىلەك — چىلىگى

مەكتەپ — مەكتىۋىمىز، تەرتىپ — تەرتىۋىڭلار

كوللېكتىپ — كوللېكتىۋى

ئەسكەرتىش: تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بەزى كۆپ بوغۇملۇق

سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

ئەخلاق — ئەخلاقى، ئىشتىياق — ئىشتىياقى

موئەييەن — مۇئەييەنى

ئىدراك — ئىدراكى، ئىشتىراك — ئىشتىراكى

تەرەپ — تەرىپى، تەرتىپ — تەرتىپى

§ 15. تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلەردىن تەركىبىدە «غ، ق» تاۋۇشلىرى بولغان قوشۇمچىلەر، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئال — ئالغىلى، ئالغىن، ئالغىچە

تۇت — تۇتقىلى، تۇتقىن، تۇتقىچە

ئوينا — ئوينىغىلى، ئوينىغىن، ئوينىغىچە

بەر — بەرگىلى، بەرگىن، بەرگىچە

ئۆت — ئۆتكىلى، ئۆتكىن، ئۆتكىچە

كۆرسەت — كۆرسەتكىلى، كۆرسەتكىن، كۆرسەتكىچە

ئات — ئاتلىق، بار — بارلىق، ياخشى — ياخشىلىق

ئەت — ئەتلىك، دەپتەر — دەپتەرلىك، ئەلەم — ئەلەملىك

§ 16. «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە يەنە شۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى ۋە قوشۇمچە بېشىدىكى «غ» تاۋۇشى «ق» بىلەن، «گ» تاۋۇشى «ك» بىلەن ئۆزگىرىشىدۇ، ئۆزگىرىشىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باغ — باققا، تاغ — تاققا، ساغ — ساققان

ئەگ — ئەككەن، تۆگ — تۆككەن، چىگ — چىككەن

§ 17 . يېپىق بوغۇملۇق ئايرىم ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ، چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

سىڭىل ــ سىڭلىم، سىڭلىڭ، سىڭلىسى

ۋاقىت ــ ۋاقتىمىز، ۋاقتىڭلار، ۋاقتى

ئورۇن ــ ئورنىمىز، ئورنۇڭلار، ئورنى

كۆڭۈل ــ كۆڭلۈم، كۆڭلۈڭ، كۆڭلى

§ 18 . بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق بەزى سۆزلەردىكى «ر» تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالسىمۇ، يازغاندا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

خار (خا ئەمەس)، تار (تا ئەمەس)

يارما (ياما ئەمەس)، يارماق (ياماق ئەمەس)

قار (قا ئەمەس)، كۆر (كۆ ئەمەس)

ئورما (ئوما ئەمەس)، ئورغاق (ئوغاق ئەمەس)

دەرت (دەت ئەمەس)، قەرز (قەز ئەمەس)

لېكىن، بەزى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى «ر» تاۋۇشى ئادەت بويىچە چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

قوساق، قاغا، كاناي، سوناي،

گەدەن، ئۆدەك، توپاق، تۆت

§ 19 . پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان، بىر بوغۇمدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىپ، «ت» تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەردە ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن بۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلىنغاندا «ت» تاۋۇشى پەيدا بولسا، چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ، پەيدا بولمىسا، چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دوست ــ دوستى، پۇشت ــ پۇشتى
راست ــ راستىمىز، تەخت ــ تەختىگە
گۆش ــ گۆشى، گۆشلۈك، پەس ــ پەسكە، پەسلەپ
دەرەخ ــ دەرىخى، دەرەخلىك، قەن ــ قىنى

§ 20. ئۇچۇق بوغۇملۇق بەزى ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە «ي» قوشۇلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۆزى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

سىيا ــ سىيايىم، سىيايىڭ، سىياسى
گۇنا ــ گۇنايىمىز، گۇنايىڭلار، گۇناسى
ئىملا ــ ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى
دەريا ــ دەريايىمىز، دەريايىڭلار، دەرياسى

§ 21. ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئىگىلىك شەخستە كەلگەن ئىسىم شەكلى بىلەن سۈپەت شەكلىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، سۈپەتلەشتۈرۈلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئۇچۇق بوغۇملۇقلارىغا «ۋى»، يېپىق بوغۇملۇقلىرىغا «يى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىجات ــ ئىجادىي (ئىجادىي ئەمگەك)
ئىقتىسات ــ ئىقتىسادىي (ئىقتىسادىي تۇرمۇش)
تارىخ ــ تارىخىي (تارىخىي قارار)
شەرق ــ شەرقىي (شەرقىي شىنجياڭ)
پارتىيە ــ پارتىيىۋى، تەربىيە ــ تەربىيىۋى

ئەسلى سۈپەت سۆزلەرگە ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمايدۇ. مەسىلەن:

ئىجتىمائى ــ ئىجتىمائى ئاڭ
سۇنئى ــ سۇنئى ھەمرا

ئاددى ــ ئاددى جۈملە
ماددى ــ ماددى بايلىق

### 3. سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

§ 22. سۆزلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ؛ قوشۇمچىلەر سۆزلەرگە ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى كۈندىن ـ كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

تۆگىدەك بويۇڭ بولغىچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن.

§ 23. بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاشتاختا، تاشپاقا، ئاشكۆكى، كۆزەينەك

ئاشقازان، قارىمۇچ، گۈلقەن، كۆكپەت

ھېچقانداق، ھېچنىمە، ھېچكىم

ئاللىقانداق، ئاللىنىمە، ئاللىكىم

§ 24. ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرى ئەسلىنى ساقلاپ، قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەتباقى، تۇرسۇنمەھەممەت، مەھەممەتسىدىق

ئارائۆستەڭ، قاراماي، ياقاساي، تۆپەشور

غوجائىبرىق، جىگدەئىبرىق، يېڭىئۆستەڭ

توققۇزاق، تۆتكۆل، قىرىقبۇلاق

ئەگەر ئۈچ سۆزلۈك بولسا، زىچ بىرىككەن ئىككى سۆز قوشۇپ يېزىلىدۇ؛ تۆت سۆزلۈك بولسا، ئىككىدىن بۆلۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاقتاش قوتان، قوشباش كەنت، يوغانباش دۆڭ

تۆۋەن سۆگەتتېرىق، باش تونتاش، يېڭى توقتېشىل ئۆلۈغسۇ باشبۇلاق، بەشكەنت خانتېرىق، هۆلجىگە-قارانۆستەك

§ 25. «باغ» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىكمە ئىسىملاردا ئەگەر بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ن، م» دىن باشقا تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقاندا، «باغ» سۆزىدىكى «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلەشسىمۇ، يازغاندا ئەسلىنى ساقلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جاهانباغ، چىلانباغ، قۇمباغ، هەرەمباغ، سايباغ، ئۈيباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ گۈلباغ، نەزەرباغ، بەل-باغ، تۆشباغ

§ 26. كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ كېلىدىغان «ئاخۇن، جان، خان، هاجى، قارى، بۇۋى، قىز، ئاي، گۈل، تاي» قاتارلىق سۆزلەر كىشى ئىسىملىرى-نىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

قادىراخۇن، تۇرسۇنجان، ئايشەمخان، ئىمىنهاجى، توختىقارى، گۈلسۇمبۇۋى، خانقىز، ئەركىناي، ئايىمگۈل، تۇرسۇنتاي

§27. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىلىم-پەن، خۇشال-خۇرام، پۈتمەس-تۈگىمەس
ئاچ-يالىڭاچ، بۈگۈن-ئەتە، ئاستىن-ئۈستۈن
قىش-ياز، ئېگىز-پەس، ۋاراڭ-چۇرۇڭ

### 4. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

§ 28. باش هەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان سۆزلەر

يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر (شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)

ئا ق ش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)

ج خ ئى (جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسى)

ئۆ ت ز (ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇدى)

پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)

ئوبكوم (ئوبلاستلىق كومىتېت)

§ 29. كىشى ئىسمى، پەمىلىلىرىنى قىسقارتىپ يازغاندا، بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ك. ماركس (كارل ماركس)

ۋ. ئى. لېنىن (ۋىلادىمىر ئىلىچ لېنىن)

ز. قادىر (زۇنۇن قادىر)

ت. ئېلىيوپ (تېيىپجان ئېلىيوپ)

## 5. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

§ 30. «مۇ، ما، چۇ، غۇ، قۇ، يۇ، ئا، ئە، زە، لا» ئۇلانمىلىرى سۆز يىلتىزىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ؛ «دە، ھە» ئۇلانمىلىرى ئالدىكى سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

— بۈگۈن كىنوغا بېلەت ئالدىڭىزمۇ؟

— مەن ئالدىم، سىزچۇ؟

— ئۇنىڭ سۆزى توغرىمۇ دەيمەن؟
— قېنى سىز ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟ ھە، شۇنداق دېگىنە!
— سەنزە بۇ گەپنى ئويلاپ قالمىدىڭ.
— ئۇ كېلىپلا قايتىپ كەتتى.
— بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن-دە.
— بۈگۈن شۇنداق ئوبدان ئىشلىدۇق-ھە.

§ 31. «ئال، ئەت» ياردەمچى پېئىللىرى رەۋىشداشلار بىلەن كەلگەندە، رەۋىشداش قوشۇمچىسىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇۋال < ئوقۇپ + ئال
كۆرۈۋېلىش < كۆرۈپ + ئېلىش
تاشلىۋەت < تاشلاپ + ئەت
توغرىۋېتىش < توغراپ + ئېتىش

§ 32. «بەر» ياردەمچى پېئىلى «ا، ە» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن كەلسە، «ا، ە» تاۋۇشى «ى» غا نۆۋەتلىشىدۇ، نۆۋەتلەشكىنى بويىچە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىۋەر < ياز + ا + بەر
كۆرۈۋەر < كۆر + ە + بەر
بېرىۋەر < بار + ا + بەر
ئۆتۈۋەر < ئۆت + ە + بەر

§ 33. «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش ۋە پېئىلنىڭ شەرت رايى بىلەن بىللە كەلسە، ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كىتاپ ئىدى، كىتاپ ئىكەن، كىتاپ ئىمىش

قىزىل ئىدى، قىزىل ئىكەن، قىزىل ئىمىش
ئالتە ئىدى، ئالتە ئىكەن، ئالتە ئىمىش
شۆنداق ئىدى، شۆنداق ئىكەن، شۆنداق ئىمىش
كەلسە ئىدى، كەلسە ئىكەن، كەلسە ئىمىش
بارماس ئىدى، بارماس ئىكەن، بارماس ئىمىش

§ 34. «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان سۈپەتداشلارغا «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش،» ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇپ كەلگەندە ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان ئىدى، ئوقۇغان ئىكەن، ئوقۇغان ئىمىش
باققان ئىدى، باققان ئىكەن، باققان ئىمىش
كۆرگەن ئىدى، كۆرگەن ئىكەن، كۆرگەن ئىمىش
ئۆتكەن ئىدى، ئۆتكەن ئىكەن، ئۆتكەن ئىمىش

§ 35. «ر، ئار، ئەر» بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا «ئىدى» ياردەمچى پېئىلى قوشۇلۇپ كەلگەندە، سۈپەتداش قوشۇمچىسىدىكى «ر» تاۋۇشى ھەم «ئىدى» ياردەمچى پې- ئىلىدىكى «د» تاۋۇشى «ت» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. «ئى» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، ھەم «ئىدى» ياردەمچى پېئىلىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن سۈپەتداش- لارغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

يازاتتى (يازار ئىدى)، كېلەتتى (كېلەر ئىدى)
ئالاتتى (ئالار ئىدى)، بېرەتتى (بېرەر ئىدى)

§ 36. «ئال، بول، كەل، قال، سال، قىل» قاتار- لىق پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى «پ، ىپ، ۇپ، ۈپ» ئۇلانغاندىن كېيىن، يەنە ئۆتكەن زامان ھىكايە پېئىلىنىڭ قوشۇمچىسى «تى» ئۇلانسا، قىسقارتىلماي قوشۇپ يېزىلىدۇ. يۇقۇرقى پېئىللارغا ياردەمچى پېئىللار ئۇلىنىپ كېلىپ ئىككە-

لماك قوشما پېئىل تەشكىل قىلسا، ئايرىپ يېزىلىدۇ. ئۈچ- لۈك قوشما پېئىل تەشكىل قىلسا، ئالدىنقى ئىككى پېئىل قوشۇپ، كېيىنكىسى ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال — ئېلىپتۇ، ئېلىپ كەل، ئېپكېلىپ بەر
بول — بولۇپتۇ، بولۇپ كەل، بوپكېلىپ كەت
كەل — كېلىپتۇ، كېلىپ كۆر، كېپكۆرۈپ كەت
قال — قېلىپتۇ، قېلىپ قال، قېپقېلىپ تۇر
سال — سېلىپتۇ، سېلىپ تۇر، سېپتۇرۇپ باق
قىل — قىلىپتۇ، قىلىپ قال، قىپقېلىپ تۇر

## ٥. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

### 1. خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

§ 37. خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز- لەردىكى تاق يۈنمۇ «a، o، e، i، u، ü» ھەم قوشما يۈنمۇ «in، ing، en، eng، un، ün، ang، uang، ua» لار پۇتۇڭخۇا تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

زاۋېن (zawen)، بوخەي (Bohai)
جېجياڭ (Jejiang)، لىشى (lishi)
لۈجاڭ (lüzhang)، بىڭتۇەن (bingtuan)
شېڭمۇ (shengmu)، كۇنمىڭ (Kunming)
يۈننەن (Yünnən)، خاڭجۇ (Hangzhou)
گۇاڭجۇ (Guangzhou)، جۇڭخۇا (Zhonghua)

§ 38. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدا «ui، uai، ei، ai، üan، uan، ian، an» يۈنۈمۈلىرىدىكى «a» تاۋۇشى ئۇيغۇرچىدىكى «ئە» تاۋۇشىغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغىنى ئۈچۈن يېزىقىمىزدا «ئە» يېزىلىدۇ. قوشما يۈنۈمۈلاردىكى ئاخىرقى تاۋۇش ياكى ئۆتكۈنچى تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغان «i» تاۋۇشى ئۆزۈك تاۋۇش «ي» غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغىنى ئۈچۈن يېزىقىمىزدا «ي» يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

يەنئەن (Yan'an) تيەنجىن (Tianjin)

تيەنئەنمېن (Tian'anmen)، بىڭتۇەن (bingtuan)

شۆيۈەن (xüeyüan)، شاڭخەي (Shanghai)

بېيجىڭ (Beijing)، خۇەيخې (Huaihe)

گۈيجۇ (Guizhou)، چاڭجياڭ (Changjiang)

§ 39. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنىڭ «ao، iao» قوشما يۈنۈمۈسىدىكى «o» تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا «ۋ» ھەرپى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ماۋزېدۇڭ (Mao Zedong)، جياۋيۈلۇ (Jiao Yülu)

لياۋنىڭ (Liaoning)، شاۋشەن (Shaoshan)

§ 40. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «ou، uo، üe» قوشما يۈنۈمۈلىرى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ، ئو، ئۆ» ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇئېنلەي (Zhou Enlai)، گوۋۇيۈەن (guowuyüan)

داشۆ (daxüe)، شۆيۈەن (xüeyüan)

§ 41. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «ong، iong» يۈنۈمۈلىرى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇڭ، يۇڭ» قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

زۇڭلى (zongli)، گۇڭشې (gongshe)
جۇڭيى (zhongyi)، چيۇڭجۇ (Qiongzhou)

§ 42. خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «c، sh، ch، zh» تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا «ج، چ، ش، س» ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو (Zhongguo)، جېجياڭ (Zhejiang)
چۇڭچىڭ (Chongqing)، چاڭجياڭ (Changjiang)
شاڭخەي (Shanghai)، ليۇشاۋچى (Liu Shaoqi)
سەنمۇ (canmou)، سەيچاڭ (Caichang)

§ 43. خەنزۇ تىلىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر جانلىق تىلدا ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جوزا، خوشاڭ، خاسىڭ، پىنتۇزا
چەيدۇ، چىڭسەي، بەسەي، ساڭ

## 2. رۇس تىلى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

§ 44. چەتئەل كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرى ۋە خەلقارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۆزلىشىپ كەتكەنلىرىدىن باشقىلىرى يېزىقىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئاساسەن ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ماركس، ستالىن، فرىدرىخ ۋىلھېلم
كېسناي فرانسۇۋا (Quesnay François)
ئاۋستىرالىيە، فرانسىيە، گىۋىنىيە
ھىدروگېن، زوئولوگىيە، فىزىئولوگىيە

§ 45. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىكى «ئو، ئې» تاۋۇشلىرى سۆزنىڭ قايسى بوغۇمىدا كەلسە شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

فوسفور، دوگوۋور، دوكتور، كومپوزىتور

بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، ئىمپورت، لېكتور
ئاكادېمىك، فونېما، ئوپېرا، بالېت
پېرسوناژ، ئامپېر، ئوردېن، ئېلېكتىر

ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆزلەر ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

سوتسىيالىزىم، رىيالىزىم، دىيالېكت، ۋارىيانت
رادىيو، ئىدىيوم، ئاكاردىيون، پوچتالىيون

§ 46. بوغۇم بېشىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كەلگەن سۆزلەردە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ى» ھەرپى قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دىراما، گىرادۇس، كىراخمال، پىلان
تىراكتور، كىلىمات، كىلېتكا، پىروگىراما
پىرولېتارىيات، ۋىراچ، ئېكىسكۇرسىيە، كىلوگىرام
كونكىرت، گالىستۇك، سىتېپا، مىللىگىرام

«س، ش» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كەلگەن سۆزلەرنى يېزىشتا، ئالدىغا بىر «ئى» ھەرپى قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىستىل، ئىستاژ، ئىستانوك، ئىسپىرت
ئىشكاپ، ئىشپىيون، ئىشلەپە، ئىشتانكا

§ 47. سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوزۇق تاۋۇش ھەرپى قوشۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تالانت، ۋولت، سورت، فوند، پورت
دىيالېكت، ئاگېنت، ئاۋغۇست، كوممۇنىست، ئىمپورت

§ 48. باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تىلىمىزدا «ت، پ»غا ئايلىنى-

دۇ. لېكىن بۇنداق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باش-
لىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ت، پ»
تاۋۇشلىرى ئەسلىگە قايتىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ. مە-
سىلەن:

ئەقتىسات - ئەقتىسادى،    ئىجات - ئىجادىم
دوكلات - دوكلادى،    زاۋۇت - زاۋۇدۇڭلار
رېكورت - رېكوردى،    سېكونت - سېكوندى
خاراپ - خارابى،    باپ - بابى
ئەدىپ - ئەدىبى    ئەرباپ - ئەربابى

§ 49. رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا
تىللاردىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۆزلەشكىنى بويى-
چە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كارۋات، كالاچ، پەتنۇس، ئارگىنال، كارشۇك
چىسلا، پېۋا، تورمۇز، تومپۇچكا، زاۋۇت
پاراۋۇز، ئايروپىلان، ئاپتومات، ئاپتوۋۇز
گۇرۇپپا، مېتىر، ئوچېرىك، ئەتكەس

## 7. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

§ 50. قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق
سۆزنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بو-
غۇم بويىچە كۆچۈرۈلىدۇ، بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا
سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقى-<br>رىش | تىرىش-<br>چانلىق | ئوقۇغۇ-<br>چىلار | تەرەققى-<br>يات |

§ 51. رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلار قۇرنىڭ
ئاخىرىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا
بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

1983 - يىلى (19-83 - يىلى ئەمەس)،

336.520 جىڭ (336-520 جىڭ ئەمەس)

§ 52 . ھەر بىر سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان سۆزلەرنى ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ش ئۇ ئار- نىڭ ھاۋا رايى | ش ئۇ- ئارنىڭ ھاۋا رايى ئەمەس |

## 9 . تىنىش بەلگىلىرى

§ 53 . ئۇيغۇر يېزىقىدا تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلىدۇ:

1 . چېكىت .
2 . سوئال بەلگىسى ؟
3 . ئۈندەش بەلگىسى !
4 . پەش ،
5 . چېكىتلىك پەش ؛
6 . قوش چېكىت :
7 . قوش تىرناق « »
8 . يالاڭ تىرناق ‹ ›
9 . تىرناق ( )
10 . سىزىقچە -
11 . سىزىق —
12 . كۆپ چېكىت ...

## قوشۇمچە ماتېرىياللار

### 1. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر جەدۋىلى

| قوشۇمچىلەر | ياسالغان سۆزلەر |
|---|---|
| -چى | ئىشچى، جەڭچى، يالغانچى، قىزىقچى |
| -ۋەن، -مەن | باغۋەن، ھۈنەرۋەن، دۆلەتمەن، ھاجەتمەن |
| -باز، -ۋاز<br>-پەز | كىتاپباز، تەرەپباز، قىمارۋاز، كەپتەرۋاز،<br>ئاشپەز، ساقتىمپەز |
| -داش | يولداش، ۋەتەنداش، زامانداش |
| -لىق، -لىك<br>-لۇق، -لۈك<br>-لاق، -لەك | باشلىق، ياخشىلىق، رەھبەرلىك، كۈلكىلىك،<br>يوللۇق، ئونلۇق، ئۆچلۈك، كۈنلۈك<br>ئوتلاق، قىشلاق، كۈزلەك |
| -چىلىق، -چىلىك | بۇيرۇقچىلىق، ئازچىلىق، كۆپچىلىك،<br>تەجرىبىچىلىك |
| -دان | ئوقدان، كۈلدان، چايدان |
| -خانا | ئىشخانا، كىتاپخانا، دەرسخانا |
| -خور | تاماخور، پارىخور، جازانىخور |
| -كەش | جاپاكەش، مېھنەتكەش، ھارۋىكەش |
| -كار، -كەر<br>-گەر | ھەۋەسكار، گۇناكار، مىسكەر<br>ئىغۋاگەر، دەۋاگەر |
| -دا، -دە | قىرىندا، چېپىندا، ئۈزۈندە، كېسىندە |
| -چە | خەنزۇچە، باشقىچە، مىڭچە، سىزىقچە |
| -دار | مۈلۈكدار، بايراقدار، قەرزدار، خەۋەردار |
| -نامە | باياننامە، ۋەدىنامە، خىتاپنامە |
| -زار | گۈلزار، ئۈزۈمزار، چىمەنزار |
| -چاق، -چەك<br>-چۇق، -چۈك | تايچاق، ياخشىچاق، كۆلچەك، كۆگۈلچەك<br>ئويۇنچۇق، قارانچۇق، يۆلەنچۈك |

| | |
|---|---|
| -شۇناس | تىلشۇناس، تارىخشۇناس، مىللەتشۇناس |
| -ستان، -ىستان | قەبرىستان، گۈلىستان، ئۆزبېكىستان |
| -زىم، -ىزىم | كوممۇنىزىم، ماركسىزىم، سوتسىيالىزىم |
| -غۇچ، -قۇچ<br>-گۈچ، -كۈچ | سىزغۇچ، ئۆچلىغۇچ، تۇتقۇچ، ئاچقۇچ<br>سۈزگۈچ، بۆلگۈچ، كۆرسەتكۈچ، تەپكۈچ |
| -غۇچى، -قۇچى<br>-گۈچى، -كۈچى | ئوقۇغۇچى، يازغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئۇچقۇچى<br>كۆرگۈچى، ئۈزگۈچى، كۈزەتكۈچى |
| -غاق، -قاق<br>-گەك، -كەك | ئورغاق، تايغاق، قورققاق، ئۇرۇشقاق،<br>ئىلگەك، سەگەك، تەپكەك، تىرىككەك |
| -غۇ، -قۇ، -گۈ، -كۈ<br>-غا، -قا، -گە، -كە | تۇيغۇ، تاتقۇ، سەزگۈ، تەپكۈ<br>بوسۇرغا، تۇتقا، سۈپۈرگە، تۈرتكە |
| -ق، -ك<br>-ىق، -ىك<br>-اق، -ەك<br>-ۇق، -ۈك | سوراق، بوياق، ئىلەك، يۆگەك<br>يېزىق، سىزىق، كېچىك<br>تۇساق، پىچاق، كۆرەك، كۆيەك<br>تۇسۇق، بوزۇق، تۈزۈك، ئۈزۈك |
| -م، -ىم<br>-ۇم، -ۈم | قاينام، باغلام، كىيىم، چىقىم<br>ئۇرقۇم، ئوچۇم، تۈزۈم، ئۈنۈم |
| -ن، -ىن<br>-ۇن، -ۈن | يىغىن، كېلىن، قوشۇن، قۇيۇن<br>تۈگۈن، ئۇۋۇن |
| -ما، -مە | باسما، قايتۇرما، كۆرسەتمە، سۈزمە |
| -ماق، -مەك | قۇيماق، ئويماق، ئىلمەك، يىمەك |
| -مىش، -مۇش<br>-مۈش | يېمىش، قىلمىش، تۇرمۇش<br>ئۆتمۈش |
| -نچى، -ىنچى | ئىككىنچى، ئالتىنچى، بەشىنچى، ئۈچىنچى |
| -يلەن، -ەيلەن | ئالتەيلەن، ئونەيلەن، ئۈچەيلەن |
| -سىز | ئونۇمسىز، بولسىز، ئۆگەتكۈسىز، مەنىسىز |

| | |
|---|---|
| -دەك، -تەك | تاغدەك، بىردەك، مەندەك، دىگەندەك |
| -غى، -قى<br>-گى، -كى | يازغى، تاشقى، يۇقۇرقى<br>كۈزگى، ئىچكى، كەچكى |
| -چان | ئىشچان، تەلەپچان، ئۆزگىرىشچان |
| بى-، بەت-<br>نا-، بە- | بىئەدەپ، بىگۇنا، بەتقىلىق، بەتئەخلاق<br>نائىنساپ، ناتوغرا، بەھوزۇر، بەئەينى |
| -پەرۋەر | ئىنسانپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر، تەرەق-<br>قىپەرۋەر |
| -پەرەس | ئابرويپەرەس، راھەتپەرەس |
| -ي، -ۋى | تارىخي، ئىقتىسادي، ئىدىيۋى، مەنىۋى |
| -سىمان | ئادەمسىمان، مايمۇنسىمان |
| -چىل | ئىزچىل، راستچىل، ئوڭچىل، ئۆزەمچىل |
| -ڭغۇ، -اڭغۇ<br>-ڭگۈ، -ەڭگۈ | ياداڭغۇ، چىچىلاڭغۇ، سىرىلاڭغۇ<br>جۈدەڭگۈ، كۆتىرەڭگۈ، ئىزىلەڭگۈ |
| -ك، -اك، -ەك | قىستاك، بوشاك، ئۆتەك |
| -غۇر، -قۇر<br>-گۈر، -كۈر | بولمىغۇر، ئۇچقۇر، تاپقۇر<br>سەزگۈر، ئۆتكۈر |
| -گەي، -كەي | كۈنگەي، تەسكەي، |
| -ماس، -مەس | قايتماس، سۇنماس، ئىگىلمەس، ئۆزۈلمەس |
| -ار، -ەر | يانار، ياتار، كۆرەر، ئۆتەر |
| -م، -ىم، -ام<br>-ەم، -ۇم، -ۈم | ئوتلام، يۆگەم، تىلىم، سىلىم، تۇتام،<br>كاپام، كۆتىرەم، سوقۇم، ئۆرۈم |
| -انە | دوستانە، مەردانە، پىداكارانە، غايىبانە |
| -ەن | ئاساسەن، تامامەن، مەجبۇرەن |
| -ىلدا، -ۇلدا<br>-ۈلدە | ۋىژىلدا، تاقىلدا، غۇبۇلدا<br>دۈكۈلدە، گۈرۈلدە |

| | |
|---|---|
| -لا، -لە (-دا، -دە) | باشلا، توغرىلا، ئىزلە، سەنلە (چىڭدا، ئۆندە) |
| -را، -رە | ھاڭرا، شاقىرا، مەرە، مۆرە |
| -سىرا، -سىرە | قانسىرا، ئۇيقۇسىرا، كۆلۈمسىرە |
| -سىت | كەمسىت، مەنسىت |
| -ى، -ا، -ە | چىكى، سانا، ياشا، تۈنە، تۈزە |
| -ر، -ار، -ەر | قىسقار، ياشار، كۆكەر |
| -ي، -اي، -ەي | قاراي، زوراي، پەسەي |
| -لاش، -لەش -داش، -دەش | ئورۇنلاش، ئوڭلاش، كۆزلەش، تۈزلەش مۇڭداش، ئۆندەش، چىڭداش |
| -لان، -لەن | ياخشىلان، توغرىلان، كۆچلەن، تۈزلەن |

## 2. سۆز تۈرلەڭگۈچى قوشۇمچىلەر جەدۋىلى

| گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە | | | | قوشۇمچىلەر | تۈرلەنگەن سۆزلەردىن مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| سان | | | | -لار، -لەر | ئوقۇغۇچىلار، ئەسكەرلەر، پىكىرلەر |
| كېلىش | ئىگىلىك كېلىش | | | -نىڭ ① | بازىنىڭ، باشنىڭ، تۆپىنىڭ، كۆزنىڭ |
| كېلىش | ئېرىش كېلىش | | | -غا، -قا، -گە، -كە، -غە، -قە | يولغا، ئاتقا، تۆپىگە، مەكتەپكە، شەرقىغە، خەلققە |
| كېلىش | چۈشۈم كېلىش | | | -نى | يولنى، مەكتەپنى، تۆپىنى، خەلقنى |
| كېلىش | چىقىش كېلىش | | | -دىن، -تىن ② | يولدىن، تۆپىدىن، مەكتەپتىن، ئاتتىن |
| كېلىش | ئورۇن كېلىش | | | -دا، -دە، -تا، -تە | يولدا، تۆپىدە، ياتاقتا، مەكتەپتە |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | بىرلىك | I | -م، -ىم، -ۇم، -ۈم | بالام، دەپتىرىم، قولۇم، كۆزۈم، |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | بىرلىك | II | -ڭ، -ىڭ، -ۇڭ، -ۈڭ | بالاڭ، دەپتىرىڭ، قولۇڭ، كۆزۈڭ |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | بىرلىك | | -ڭىز، -ىڭىز | بالىڭىز، كۆزىڭىز |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | بىرلىك | III | -ى، -سى | قولى، دەپتىرى، بالىسى |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | كۆپلۈك | I | -مىز، -ىمىز ③ | بالىمىز، دەپتىرىمىز، قولىمىز، كۆزىمىز |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | كۆپلۈك | II | -ڭلار، -ىڭلار، -ۇڭلار، -ۈڭلار ④ | بالاڭلار، دەپتىرىڭلار، قولۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| شەخس | تەۋەلىك شەخس | كۆپلۈك | III | -ى، -سى | دەپتىرى، قولى، بالىسى، تۆگىسى |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | بىرلىك | I | -مەن | ئوقۇغۇچىمەن، ئىشچىمەن |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | بىرلىك | II | -سەن، -سىز | ئوقۇغۇچىسەن، ئوقۇغۇچىسىز |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | بىرلىك | III | (-دۇر، -تۇر) | ئوقۇغۇچى (دۇر) |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | كۆپلۈك | I | -مىز | ئىشچىمىز |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | كۆپلۈك | II | -سىلەر، -سىزلەر | ئىشچىسىلەر، ئىشچىسىزلەر |
| شەخس | خەۋەرلىك شەخس | كۆپلۈك | III | (-دۇر، تۇر) | ئىشچى (دۇر) |
| سۈپەت دەرىجىسى | ئېلىشتۇرۇش | | | -راق، -رەك ⑤ | چوڭراق، ياخشىراق، ئېگىزرەك، كۆپرەك |
| سۈپەت دەرىجىسى | كەمىتىش | | | -ش، -ۈش، -غۇچ، -متۇل | ئېقىش، كۆكۈش، قىزغۇچ، قارامتۇل |
| سۈپەت دەرىجىسى | كىچىكلىتىش ئەركىلىتىش | | | -غىنا، -قىنا، -گىنە، -كىنە | يوغانغىنا، ياخشىغىنا، تاتلىققىنا، تۆرگىنە، ئازۇككىنە، كىچىككىنە، |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پېئىل دەرىجىلىرى | ئۆزلۈك | -ن، -ىن، -ۇن، -ۈن | ياسان، جابدۇن، يۇيۇن، كۆرۈن |
| | مەجھۇل | -ل، -ىل، -ۇل، -ۈل<br>-ن، -ىن، -ۇن، -ۈن | ياسال، بېزىل، تۇتۇل، كۆرۈل<br>باشلان، قىلىن، يۇلۇن، بۆلۈن |
| | ئورتاقلىق | -ش، -ىش، -ۇش، -ۈش | سۆزلەش، بېزىش، سوقۇش، كۆرۈش |
| | | -غۇز، -قۇز، گۈز، كۈز ⑥ | يازغۇز، ياتقۇز، يىگۈز، كەتكۈز |
| | مەجبۇر | -دۇر، -تۇر، -دۈر، -تۈر | ماڭدۇر، كۆلدۈر، تاپتۇر، كەستۈر |
| | | -ار، -ەر، -ۇر، -ۈر | چىقار، چۈشەر، ئۆچۈر، |
| | | -ت | ئىشلەت، ئازايت، باشلات، چىقارت |
| پېئىل شەكىللىرى | يوقلۇق | -ما، -مە | بارما، بېزىلما، سۆزلىمە، كۆرۈشمە |
| | سوراق | -م، -ام، -ەم | ئىشلەمدىمەن، يازامدىمەن، بارامدۇ<br>بېرەمدىمەن، كۆرسىتەمسىز، كۆرەمدۇ |
| | ئىمكانىيەت | -الا، -ەلە<br>-يالا، -يەلە | بارالايمەن، كېلەلەيمىز، بارالىدىم<br>كېلەلىدىڭىز، كۆرەلىدى، ئوقۇيالايمىز،<br>ئىشلىيەلەيمىز، ئوقۇيالىدۇق، ئىش<br>لىيەلىدى |
| | | -الما، -ەلمە<br>-يالما، -يەلمە | بارالمايمەن، كېلەلمەيدۇ، كۆرەلمىدى<br>ئوقۇيالمىدىم، بارالمىدىم<br>ئىشلىيەلمىدۇق، باشلىيالمىدى |
| پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى | بىرلىك | I -ي، -اي، -ەي<br>II -ڭ، -اڭ، -ۇڭ، -ۈڭ<br>-غىن، -قىن، -گىن، -كىن<br>III -سۇن ⑦ | ئىشلەي، باراي، كېلەي<br>ئىشلەڭ، بېرىڭ، تۇتۇڭ، كۆرۈڭ<br>بارغىن، تۇتقىن، كۆرگىن، ئۆتكىن<br>بارسۇن، كەلسۇن |
| | كۆپلۈك | I -يلى، -ايلى، -ەيلى<br>II -ڭلار، -ىڭلار،<br>-ۇڭلار، -ۈڭلار<br>III -سۇن | ئىشلەيلى، بارايلى، كۆرەيلى<br>ئىشلەڭلار، بېرىڭلار<br>تۇتۇڭلار، كۆرۈڭلار<br>ئىشلىسۇن، كۆرسۇن |
| پېئىلنىڭ شەرت رايى (سا، سە) | بىرلىك | I -م<br>II -ڭ، -ڭىز<br>III | بارسام، كەلسەم<br>بارساڭ، كەلسەڭ<br>بارسىڭىز، كەلسىڭىز<br>بارسا، كەلسە |
| | كۆپلۈك | I -ق، -ك<br>II -ڭلار<br>III | بارساق، كەلسەك<br>بارساڭلار، كەلسەڭلار<br>بارسا، كەلسە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پېئىللارنىڭ خەۋەر رايى | ئۆتكەن زامان | -دى<br>-تى<br>-دۇ<br>-تۇ | بىرلىك | I -م<br>II -ڭ، -ڭىز<br>III | باردىم، كەتتىم، سۆزلىدۈم؛<br>ئۆتتۈم، كۆردۈم، تۆتتۈم<br>باردىڭ، باردىڭىز، كەتتىڭ، كەتتىڭىز<br>كۆردۈڭ، كۆردىڭىز، ئۆتتۈڭ، ئۆتتىڭىز<br>باردى، كەتتى |
| | | -دۇ<br>-تۇ | كۆپلۈك | I -ق (8)<br>II -ڭلار<br>III | باردۇق، كەتتۇق، كۆردۇق<br>باردىڭلار، كەتتىڭلار<br>كۆردۈڭلار، ئۆتتۈڭلار<br>باردى، كەتتى |
| | ھازىرقى زامان | -ۋاتى<br>-ىۋاتى | بىرلىك | I -مەن<br>II -سەن، -سىز<br>III -دۇ | ئىشلەۋاتىمەن، كېلىۋاتىمەن<br>سۆزلىۋاتىسەن (-سىز)، كۆلۈۋاتىسەن<br>ئىشلەۋاتىدۇ، كۆرۈۋاتىدۇ. |
| | | -ۈۋاتى<br>-ۈۋاتى | كۆپلۈك | I -مىز<br>II -سىلەر<br>III -دۇ | ئىشلەۋاتىمىز، كېتىۋاتىمىز<br>سۆزلىۋاتىسىلەر، ئۆتۈۋاتىسىلەر<br>ئۆتۈۋاتىدۇ، كۆرۈۋاتىدۇ. |
| | كېلەر زامان | -ي<br>-ا<br>-ە | بىرلىك | I -مەن<br>II -سەن، -سىز<br>III -دۇ | ئىشلەيمەن، بارىمەن<br>كۆرىسەن (-سىز)، بارىسەن (-سىز)<br>بارىدۇ، ئوقۇيدۇ، ئىشلەيدۇ. |
| | | | كۆپلۈك | I -مىز<br>II -سىلەر<br>III -دۇ | ئىشلەيمىز، ئوقۇيمىز<br>بارىسىلەر، كۆرىسىلەر<br>ئوقۇيدۇ، كۆرىدۇ، بارىدۇ |

## ئىزاھلار

① ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» بولۇپ، «نۇڭ، نۈڭ» شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ.

② چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن، -تىن» بولۇپ، لەۋلەشكەن «-دۇن، -تۇن، دۈن، تۈن» شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ.

③ I شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ كۆپلۈكى «-مىز، -ىمىز» بولۇپ، لەۋلەشكەن «-ۇمىز، ۈمىز» شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ.

④ ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ II شەخس سىپايە تۈرىنىڭ بىرلىكى «-ڭىز، ىڭىز» كۆپلۈكى ئۈچۈن «ڭلار، ىڭلار» بولۇپ، «ۇڭىز، -ۇڭىز، -ۇڭىزلار، ۇڭىزلەر» دېگەن شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ.

⑤ سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن «-راق، -رەك» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. «-ىراق، -ىرەك، -اراق، -ەرەك» شەكىللىرى قوللىنىلمايدۇ.

⑥ مەجبۇر دەرىجە ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر «-غۇز، -قۇز، -گۈز، -كۈز» بولۇپ، لەۋلەشمىگەن شەكلى «-غاز، -قاز، -گەز، -كەز» قوللىنىلمايدۇ.

⑦ III شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈكتە «-سۇن» قوللىنىلىدۇ، «-سۈن» شەكلى قوللىنىلمايدۇ.

⑧ خەۋەر رايىنىڭ ئۆتكەن زامان كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-ق» بولۇپ «-ك» قوللىنىلمايدۇ.